# 14308 ـ ھايۋاننى بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى توك بىلەن ھوشسىزلاندۇرۇشنىڭ ھۆكمى

## سوئال

توك ئۆسكىنىسى ئارقىلىق بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟ بىلىشىمىزچە ھايۋاننى توك بىلەن كونترول قىلىپ، ھايۋان يەرگە يىقىلىشى ھامان قاسساپ دەرھال بوغۇزلايدۇ. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرسەڭلار.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ھايۋاننى توك بىلەن ھوشسىزلاندۇرۇپ يەرگە يىقىلىشى ھامان دەرھال قاسساپ كېلىپ بوغۇزلاپ سويىسا ۋە شۇ ۋاقىتتا ھايۋاننىڭ جېنى بولسا، ئۇ گۆشنى يېگىلى بولىدۇ. ئەمما توك بىلەن جېنى چىققاندىن كېيىن قاسساپ بوغۇزلىغان بولسا، بۇنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ.بۇ ۋاقىتتا ئۇ ھايۋان ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداق ھالەتتە ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنىيېيىشتىن چەكلىگەن، ئەمما جېنى چىقىشتىن بۇرۇن بوغۇزلانغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا ئۇ گۆشنى يېگىلى بولىدۇ.

ھايۋاننى بوغۇزلاش ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ياكى پىچاق سۈرگەندە قاننىڭ ئېتىلىپ چىقىشى قاتارلىق ھەتتا بوغۇزلانغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللَّـهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيْتُمْ تەرجىمىسى: سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ. [مائىدە سۈرىسى 3-ئايەت].

يۇقىرىقى ئايەتتىن مەلۇم بولىدىكى، خەتەرگە ئۇچرىغان ھايۋانلار جېنى چىقىشتىن بۇرۇن بوغۇزلانسا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ. ئەمما جېنى چىقىپ بولغاندىن كېيىنبوغۇزلىغان بولسا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ.